# 12173 - شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن بەزى دۇئا ۋە زىكرلەر توغرىسىدا

## سوئال

شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن بەزى دۇئا ۋە زىكرلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟.

## تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئالالاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئالالاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئەسەر قالدۇرۇلغان زىكىر-دۇئالار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ جۈملىسىدىن ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوقۇيدىغان زىكرلەر، ئەتتىگەن-كەچتە، ئوقۇيدىغان زىكىلەر بولۇپ، ئەتتىگەن-كەچتە نىمە ئوقۇش توغرىسىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كۆرسەتمە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **«قۇل ھۇۋۇاللاھۇئەھەد، قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىل پەلەق ۋە قۇلئەئۇزۇ بىرەببىن ناسنى ئەتتىگەن-كەچتە ئۈچ قېتىم ئوقۇش سىزگە ھەممە نەرسىگە كۇپايە قىلىدۇ.»** [تىرمىزى رىۋايىتى3499-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللاھ ھەسەن دەپ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 2829- نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

سەييىدۇل ئىستىغپارنى ئوقۇش: **«ئى ئالالاھ! سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، سەندىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭ، مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق مەندىن ئالغان ئەھدەڭ ۋە ۋەدەڭنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن، ساڭا سېغىنىپ قىلمىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، سىنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان نېئمىتىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن ۋە گۇناھلىرىمنى ئىقرار قىلىمەن، ئى ئالالاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەققەتەن گۇناھلارنى سەندىن باشقا مەغپىرەت قىلغۇچى يوقتۇر.»** [بۇخارى رىۋايىتى 6306-ھەدىس].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«كىمكى ئەتتىگەن-كەچتە سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى دېگەن سۆزنى يۈز قېتىم دېسە، ئۇ كىشىگە ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق دېگەن كىشىدىن باشقا ھېچ كىشى قىيامەت كۈنىدە ئۇ كىشى ئېلىپ كەلگەن ئەمەلدىن ئەۋزەلرەك ئەمەل ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.»** [مۇسلىم رىۋايىتى 2692-ھەدىس].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«كىمكى ھەر كۈنى ئەتتىگەن-كەچتە: نامىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان-زېمىندە ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئالالاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئالالاھ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر دېگەن دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇسا ئۇ كىشىگە ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.»**

[تىرمىزى رىۋايىتى 3388-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 2689-ھەدىستە ھەسەن سەھىھ دەپ كەلتۈرگەن].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كەچ ۋاقتىدا: **«بىز كەچ قىلدۇق، بارچە پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ بولغان ھالدا كەچ قىلدۇق، بارلىق ھەمدۇ-سانالار ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھدىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئاللاھنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە پۈتۈن ھەمدۇ سانالەر ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، پەرۋەردىگارىم! بۇ كېچىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن، ساڭا سېغىنىپ بۇ كېچىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ ھورۇنلۇقتىن، قېرىلىقنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ دوزاختىكى ئازابتىن ۋە قەبرىدىكى ئازابتىن پاناھ تىلەيمەن دەيتتى. ئەتىگەن ۋاقتىدا: بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، بارچە پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ بولغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزدۇق، ھەمدۇ سانالار ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، دەيتتى.»** [مۇسلىم رىۋايىتى 490-ھەدىس].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا تەلىم بېرىپ: سىلەرنىڭ بىرىڭلار تاڭ ئاتقۇزغاندا: **«ئى ئاللاھ! سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن كەچ قىلدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ياشايمىز ۋە سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئۆلىمىز، توپلىنىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر دېسۇن، دەيتتى.»** [تىرمىزى رىۋايىتى 3391-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ 2700-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ بىرىگە مۇنداق دېيىشنى تەلىم بەرگەن: **«ئى يوشۇرۇن-ئاشكارا ھەممىنى بىلگۈچى، ئاسمان-زېمىن ۋە ھەر شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى ھەم ئىگىسى ئاللاھ! سەندىن باشقا ھەقىقى ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، ساڭا سېغىنىپ نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن،»** دېگىن دەپ بۇ سۆزلەرنى ئەتىگەن ۋە كەچتە ياتىدىغان جايغا كەلگەندە دېيىشكە بۇيرىغان.» [تىرمىزى رىۋايىتى 3382-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى تىرمىزىينىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى ناملىق ئەسىرى 2701-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەتىگەندە ۋە كەچتە بۇ دۇئالارنى ئوقۇشنى تەرك قىلمايتتى: **«ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن دۇنيا-ئاخىرەتتە سالامەتلىك تىلەيمەن، ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن مەغپىرەت ۋە دىنىمدا، دۇنيالىقىمدا، ئائىلەمدە، پۇل-مېلىمدا ئاپىيەت، تىلەيمەن، ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى يۆگگىن، قورقۇنچلىرىمنى خاتىرجەملىككە ئايلاندۇرۇپ بەرگىن. ئى ئاللاھ! مېنى ئالدىمدىن، كەينىمدىن، ئوڭ تەرىپىمدىن، سول تەرىپىمدىن ۋە ئۈستى تەرىپىمدىن قوغدىغىن، سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭغا سېغىنىپ ئاستى تەرىپىمدىن سۈيقەستكە ئۇچرىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن.»** [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى5074-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 4239-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

يەنە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: **«ئى ئاللاھ! مەن سىلىگە سېغىنىپ كۈيىردىن ۋە كەمبەغەللىچىلىكتىن پاناھ تىلەيمەن، ئى ئاللاھ! سىلىگە سېغىنىپ قەبرى ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن، سەندىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوق»** دېگەن سۆزنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئۈچ قېتىمدىن تەكرارلايتتى. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى5090-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە 4245-نومۇرلۇق ھەدىستە ئىسنادىنى ھەسەن دەپ كەلتۈرگەن].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: **«ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ھېسابىچە، ئەرشىنىڭ زىننەتلىرىچە، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بېزەشكە يېتەرلىك سىيالارغىچە ۋە ئۆزى مەمنۇن بولغۇچە ھەمدۇ-سانالارغا لايىقتۇر»** دېگەن سۆزنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە دەيتتى. [مۇسلىم رىۋايىتى4905-ھەدىس].

ئارتۇقچە مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 3064 نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا ۋە بەزى سەھىھ بولغان زىكىر كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن. ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.